ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدي

# ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى نۇرى
تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

أبوالأعلى المودودي

# دورالطلبة في بناء مستقبل العالم اللاسلامي

## ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى نۇرى

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2003 - يىل ئىستانبۇل

## سالام كىتابخان!

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» بۇ كىتابنى نەشر قىلىپ تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە قىزغىن سالام يوللايدۇ ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك، خىتايلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان، ۋەتەن ئىچىدە نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەسەرلەر، مۇھىم قوليازمىلار بولسا باستۇرۇپ تارقىتىشقا ھازىر ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» نەشر قىلىپ تارقاتقان كىتابلارنىڭ مەزمۇنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭمۇ مەزمۇنى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىيۈز ئونتۆت سۈرىسىگە، ئالتەمىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە ئايىتىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرىدۇ، قۇرئان كەرىمدە دىنىي ئەقىدە پرىنسىپى، ئەمەل - ئىبادەت قائىدىلىرى، ئائىلە تۈزۈمى، ئەخلاق پرىنسىپى، دۆلەت تۈزۈمى، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، تارىخىي ۋەقەلەر تولۇق بايان قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى دەستۇرى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرجىمە قىلغان، پېشقەدەم ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەرھۇم ئابدۇلھېكىم مەخدۇمھاجىم قاتارلىق ئونىنەچچە ئالىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققان، بېيجىڭ ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستانلاردا تەكرار - تەكرار بېسىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۇيغۇر تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان تەرجىمىسى، دەپ جاكارلايدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» پۈتۈن ئەھلى ئىسلام تەرىپىدىن «كۇتۇبى سىتتە» دەپ ئاتىلىپ، ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرى دەپ

ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن 6 پارچە ھەدىس كىتابىنى سۈننى مەزھىپىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرى، بولۇپمۇ سەھىھۇلبۇخارى كىتابىنى قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب، شۇڭىدەك قۇرئان بىلەن ھەدىسنى بىر - بىرىدىن ئايرىلماس ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى دەستۇرى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» - ۋننى مەزھىبىدە تۆت مەزھەپ ئىماملىرى دەپ تونۇلغان ئىمامى ئەزەم، ئىمامى شاپىئى، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمامى مالىك قاتارلىق مەزھەپ ئىماملىرىغا، پۈتۈن مۇپەسسىر(قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگۈچى ئالىملار)غا، مۇھەددىسلار(ھەدىسلارنى توپلاپ كىتابلاشتۇرغان ھەدىسشۇناسلار)غا، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزىيە ۋە شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابقا ئوخشاش سەلەپى ئۆلىمالارغا، ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئەل غەزالىغا ئوخشاش مۇتىكەللىم، مۇتەسەۋۋىپلارغا، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى رۇشد، ئىبنى خەلدۇنغا ئوخشاش ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا، مۇھەممەد ئابدۇھ، رەشىد رىزا، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى، سەييىد قۇتۇپ، ئابدۇلقادىر ئەۋدە، ئەبۇلھەسەن ئەننەدۋى، شەيخى ئىبنى باز، يۈسۈپ قەرداۋى قاتارلىق يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام ئالىملىرىغا، ئەرەبىستان شەيخلىرىغا، ھىندىستان مەۋلىۋىلىرىگە، مىسىر ئۆلىمالىرىغا چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

قېرىنداش ئەللەردىن ئۇيغۇرلار دىيارىغا كۆچۈپ كېلىپ ئىلمىي خىزمەت ئېلىپ بارغان مۇھەممەد زەرىپ قارىھاجىم، ئەلىخان تۆرەم، ئەھمەد پەرىد ئاباسىغا ئوخشاش ئالىملارغا، ئۇيغۇر خەلقىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن جامالىددىن ئافغانى، قازى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن، ئابدۇررەشىد ئىبراھىم، مۇسا جارۇللاھقا ئوخشاش ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، چەكسىز ھۆرمەت بىلەن ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ. ئۇلارنى ماددىي مەنپەئەتسىز، بىرتىيىن مائاشسىز ئۆمۈر بويى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئۇلۇغ زاتلار، دەپ قارايدۇ. ئۇنىدىن باشقا تارىختا ئۆتكەن پۈتۈن ئۇيغۇر ئالىملىرىغا جۈملىدىن يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن



ئابدۇلقادىر داموللام، سابىت داموللام، ئابدۇلھېكىم مەخدۇمھاجىم ... قاتارلىق ئىسلام ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەت كۆرسەتكەت دىنىي ئالىملارغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرسە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، ئابدۇلئەزىز چىنگىزخان، ئابدۇلئەزىز مەخدۇم قاتارلىق ئۆمۈر بويى ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغىمۇ ئوخشاش ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان ئەھلى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە پايدىلىق دەپ قارالغان مۇھىم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇپ تارقىتىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلق ئالىملىرىنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەشر قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، قىسقىسى «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» ئىلىمغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىدۇ.

«تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» شەرىئەتتە قۇرئان، ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرىدۇ. ھەممىسىنى ھەق دەپ تونۇيدۇ، ئۇ ھۆكۈملەردىن بىرسىنىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. شەرىئەت ھۆكۈملىرى قۇرئاندا قانداق زىكىر قىلىنغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق كۆرسەتكەن بولسا، مۆتىۋەر، ئىخلاسمەن ئىسلام ئالىملىرى قانداق ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن بولسا شۇنداق چۈشىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىدۇ. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە شەك ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنى ئىككىلەندۈرۈپ قويىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت - پائالىيەت، چاقىرىقلارغا، بۇزۇق ئەقىدىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بىز پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىمىز، دەپ قۇرئاننى ئۆزلىرى بىلگەنچە ئىزاھلاپ، قۇرئان كەرىمدىكى، « پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار...» دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلمايدىغان، «توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك - شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز» دېگەن ئايەتنى ئىنكار قىلىدىغان، دۇنيادىكى بىر يېرىم

مىليارتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەخمەق سانايدىغان، پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنى ئازغۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى كاپىر ياكى مۇشرىك دەيدىغان، ھەدىس شەرىپلەر بىلەن بەلگىلەنگەن ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى رەت قىلىدىغان، قۇرئاندا دۆلەت تۈزۈمى يوق دەپ قارايدىغان، ئىسلامدا ھېچقانداق قانۇن - تۈزۈم يوق دەيدىغان، دىندىن خالىي دۆلەتچىلىك تۈزۈمىنى ئىسلامغا زىت ئەمەس دەيدىغان، ئىسلامىيەت بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئېنىق ھەل قىلىپ بولغان مەسىلىلەر، ئەتراپىدا يېڭى ئېقىم ئويدۇرۇپ چىقىپ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي نىزا پەيدا قىلىۋاتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلانغان رەجمى قىلىش جازاسىنى(زىنا قىلغۇچىلارنى چالما كېسەك قىلىش جازاسىنى) قۇرئاندا يوق دەپ ئىنكار قىلىدىغان، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھكار مۇسۇلمانلارغا شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، بىلىقنى، توخنى قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ دەيدىغان، شۇنىڭدەك، بۇددىستلەرنىڭ ئادىتىنى سۈننەت دەيدىغان، مەلۇم مائاش ئۈچۈن شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان تالاق مەسىلىسىنى باشقىچە ئىزاھلاپ، ئەتتىگەندە بىر كىشى ئايالىنى ئۈچ تالاق، ئۈچيۈز تالاق، ئۈچمىڭ تالاق قىلىپ، ئاخشىمى شۇ نىكاھسىز خوتۇن بىلەن بىر يەردە ياتسا بولىدۇ، دەپ پاھىشە ۋازلىققا يول كۆرسىتىۋاتقان، ھەيزدار جۇنۇپ ئاياللار قۇرئان ئوقۇسا بولىدۇ، روزا تۇتسا بولىدۇ، دەپ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان، ئۇيغۇرلار نۇرغۇنلىغان قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان، ئىچكى ئىتتىپاقلىق ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئەتراپىغا بىر قىسىم ناچار نىيەتلىك ئادەملەرنى توپلاپ، ئىچىنىشلىك ئەھۋالغا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىتنە - ئىغۋا تېرىۋاتقان يېڭى خاۋارىجلار گۇرۇھىغا، ھاياتىدا بىرەر مەكتەبنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ باقمىغان، دىنىي مەسىلىلەردە خالىغانچە پەتىۋا بېرىدىغان «ئالىم»لارغا، دىن دۈشمەنلىرىگە، كۈن بويى باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - ئىغۋا تېرىپ يۈرىدىغان مۇناپىقلارغا شىددەت بىلەن قارشى تۇرىدۇ.



بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله و كفى و سلام على عباده الذين اصطفى أما بعد :

مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان بۇ نۇتقۇمدا ئالدى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە فاكۇلتېتلاردا، بەلكى ئومۇمىي ئىسلام ئالەمىدە قەلبىمنى خۇرسەن قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇ بولسىمۇ قەلبى ئىمان - ئەقىدە نۇرى بىلەن يورۇغان، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى مەسئۇلىيىتىنى قەدىرلەيدىغان، مەدرىسە مەكتەبلەردە ئىسلامىيەت روھىنى چېچىشتا ئۆز كۈچىنى ئايىمايدىغان بىر بۆلەك ئىلغار ياشلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدۇر.

مانا بۇنىڭغا قاراپ ئىسلام دۇنياسىغا قارىتا ئۆز قەلبىدە مۇھەببىتى، ئىخلاسى بار ھەر بىر كىشى ئەجەپلەنمەي، خۇرسەن بولماي، رازى بولماي ۋە بۇنى قەدىرلىمەي تۇرالمايدۇ.

پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە، ساھەسىنى غەرب پىكرى، بۇزۇق ئەقىدە قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ تەربىيە ساھەسىدە ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە مەكتەبلەردە ئاڭلىق، روھلۇق، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىشتىن سىرت ئۇنى ئادا قىلىشنى بىلىدىغان بۇنداق ئىلغار ياشلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بۇ بەختسىز مىللەتكە جانابى ئاللاھنىڭ بەرگەن بەرىكىتى ۋە پەزلىدۇر. ئەمما مېنىڭ سىلەرگە سۆزلەب بەرمەكچى بولغان نۇتقۇم، ياشلارنىڭ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك رولى قايسى؟ ئۇلاردىن ئىسلام دۇنياسىنى قۇرۇپ چىققۇچى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رولىچۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

## ئوخشاش بولغان ۋەزىيەت ۋە بىرخىل مەسىلە

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئومۇمىي ھايات ساھەسىدە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغان ياكى ئۇزۇن زامان ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە قالغان، نەتىجىدە، غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەرب

پىكرىگە تەسلىم بولۇپ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا يول قويغان ھەرقانداق مىللەت، شۇ مىللەتنىڭ روھىي تىلەنچىسى بولغان تەلىم-تەربىيە ئوقۇ-ئوقۇتۇش، ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ مائارىپى غەرب مىللەتلىرىدىن ئالغان دەرس پروگراممىلىرىنىڭ ئاسارىتىدە قالغان. بۇنى مەن ئومۇمىي ئىسلام دۇنياسىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىپ ئېيتقانلىقىمىنى ئېسىڭلاردا ئوبدان ساقلىشىڭلار لازىم.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى، ئوخشاش بولغان زىچ بىرىكمە ۋەزىيەت بولۇپ، ئومۇمىي ئىسلام دۇنياسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە.

## ئىسلام شەھەرلىرى ئەمەس، ئىسلام مىللىتى

زېھنىڭلاردىن چىقىرۋەتمەسلىككە تېگىشلىك يەنە بىرئىش، مېنىڭ بۇ يەردە مەقسەت قىلغىنىم، ئىسلام ئەللىرىدىكى شەھەر ئايرىپ تۇرىدىغان، چەكسىز كەتكەن كۆركەم تاغلار ياكى ئۇزاققا كەتكەن دېڭىزلار بولماستىن، بەلكى شۇ چېگرا ئىچىدە ياشايدىغان خەلقنى دېمەكچىمەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسان ھەر ۋاقىت يوقىلىشقا تەييارلانغان بولۇپ، ھەر بىر ئىنساننىڭ چەكلىك ئۆمۈر كۆرۈش ھەققى بار. ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن، بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ياكى باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئاسسىملاتسىيە قىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىپ، بىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىزنىڭ بۇ مۇقەددەس مەدەنىيىتىمىز بىلەن بولۇشىنى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىز ئەجداتلىرىمىزدىن تاپشۇرۇۋالغان بۇ مۇقەددەس ئامانەتنى پاكلىق، راستچىللىق بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. بەلكى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى بۇ ئامانەتنى مۇقەددەس بىلىپ، جەڭگىۋار روھ بىلەن بۇ ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقالايدىغان، شۇنىڭدەك نۆۋەتتە كەلگەندە بۇ ئامانەتنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا پاك-پاكىزە تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم.



## مىللەتنىڭ يوقىلىشى ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھەقىقەت

دۇنيادا گۈللىنىپ ئاۋات ياشىغان بەزى مىللەتلەر خۇددى دۇنياغا تۆرەلمىگەندەك، ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىدى. مىللەت يوقالمىدى، بەلكى ئۇ مىللەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسى ئامىل- مەدەنىيىتى يوقالدى، شۇنىڭ بىلەن مەۋجۇدىيىتىنى يوقاتتى.

ئالايلۇق، بابىلىيە مىللىتى، پىرئەۋن مىللىتى ئۆز ۋاقتىدا دۇنياغا داڭلىق راۋاج تاپقان مىللەتلەر ئىدى. لېكىن بۇ مىللەتلەر ئۆزگىچە مەدەنىيىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى يوقالدى. لېكىن بابىلىيە مىللىتىنىڭ ئەۋلادى يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدەك، بۇرۇنقى مىسىرلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى نەسىلدىن نەسىلگە داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ، لېكىن بۇلارغا قارايدىغان بولسىڭىز، پىرئەۋن مەدەنىيىتىگە دائىر ھېچقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى كۆرەلمەيسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئەجدادىدىن ئالغان مەدەنىي مىراسنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش روھىنى يوقاتقاندى.

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللەت كەلگۈسى ئەۋلادىنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغانلىقى مىللەتنىڭ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ دېگەنلىرىمىگە تارىخ گۇۋاھتۇر. بەنى ئىسرائىل قەبىلىسىدىن بولغان 12 قەبىلە تارىختا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى يوقاتتى. مۇشۇ كۈن، مۇشۇ سائەتلەرگىچە تارىختا بۇلارنىڭ ياشىغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق ئەسەر يوق. بۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر-بىرىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، دۇنيادىن مەڭگۈ يوقالدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا ئىسرائىل قەبىلىسىگە خاس ئاڭ، ئەقىدە، پىسخىك خۇسۇسىيەت، مەدەنىيەت يوقالدى دېگەنلىكتۇر.

ئاڭ، ۋىجدان يوقالغاچ ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئالغان مەدەنىي مىراسنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەنى ئىسرائىلغا خاس، ئۇلارنى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بەنى ئىسرائىل مەدەنىيىتى دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئاسسىملاتسىيە بولۇپ

كەتتى. نەتىجىدە، بۈگۈنكى ئىسرائىلىيىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزىنىڭ بەنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ، رۇناق تېپىپ، ئاۋات ياشىشى ياكى تەرەققى قىلماي توختاپ قېلىشى، دۇنيادىن ئىز-دېرەكسىز يوقىلىشى، ئۆز مىللىتىگە خاس مەدەنىي مىراسىنى ساقلاپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا خىيانەت قىلماستىن مەدەنىي مىراسىنى ئۆز پېتىچە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ھەم بۇ مەسئۇلىيەتنى شەرەپ بىلىپ قوبۇل قىلالايدىغان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە باغلىق. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم مۇھىم تېما بولۇپ، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتىمەن.

يەنە بىر قېتىمقى سۆزلىگەن نۇتقۇمدا چوقۇم مۇشۇ تېما ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىمەن.

**مەدەنىي مىراسنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى مەجبۇرىيەت**

سىلەر ياشاۋاتقان بۇ زېمىن ئەجدادلىرىمىز پەتھى قىلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تۇرغۇزغان، ئۆزى توغرا، راست دەپ ئەقىدە-ئېتىقاد قىلىپ، ئىشىنىپ كەلگەن ھايات قانۇنىيەتلىرىنى يۈرگۈزگەن زېمىنلاردۇر. شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ بۇ مەدەنىي مىراسنى داۋاملاشتۇرۇشى، ھازىرقى مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ توغرا يول كۆرسەتكۈچى مۇقەددەس ئاللاھ تەئالانىڭ كۆرسەتمە يولىغا ( پروگراممىسىغا ) ئاساسەن، پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان، بىزنىڭ مۇقەددەس ئەجدادلىرىمىزدىن تاپشۇرۇۋالغان، بىز ئۆسمۈر-ياشلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان بۇ مەدەنىي مىراسنى، ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىدە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە باغلىق. بۇنداق بولمىغاندا ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان شەخسىنىڭ ھاياتى داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بۇ مۇقەددەس مەدەنىي مىراسلارنى ھەر بىرى ئۆز نۆۋىتى بىلەن، ئۆز قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ھال ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىش بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى، مۇسۇلمان مىللىتى ۋە ئىسلام دىنى ئەبەدىي داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئەمما بىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قوغدىمىساق، بىزنىڭ ياش-ئۆسمۈر ئەۋلادلىرىمىز غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلسا، ئۆز مەدەنىيىتىنى تاشلاپ، شەرق



ئىسلام مەدەنىيىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىنى ئاتسا، ئىسلام مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەر شارىدا ئىسلام زېمىنى قالمايدۇ، بەلكى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن بۇ زېمىنلار غەرب زېمىنىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز بۇ زېمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ ئەمما مەدەنىيىتى مۇنقەرز بولغان بولىدۇ. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بۇ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان زېمىندا مەۋجۇت بولغانلىقى بىلەن بۇ زېمىن ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈچۈن پەتھى قىلىنغان، بۇ زېمىندا يەنىلا ئىسلام مەدەنىيىتى بار دېيىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ياكى ئىسلام مەدەنىيىتىمىزنى مۇنقەرز قىلغان باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرى ئىگىلىگەن بولىدۇ.

مانا بۇ سىلەر تەبىئىي دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، سىلەر بۇ مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىڭلار، شۇنداقلا بۇ مەسىلىدە تارىخنىڭ رولىنى بىلىشىڭلار لازىم.

شۈبھىسىزكى، بۇ مەسىلە پەقەت تەلىم-تەربىيە، مائارىپ مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىسلامغا ئىشەنگۈچى شەخسلەرنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر.

بىزنىڭ ئىسلام مىللىتى بولۇپ تۇرۇشىمىز، يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوقۇ-ئوقۇتۇش، مائارىپ سەھەسى ۋە ئوقۇش پروگراممىسىنىڭ تامامەن ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى، مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى تۇتقا قىلغان ھالدا، ئىسلام بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىسلامىيەتكە چاقىرىق قىلىنىشىغا باغلىقتۇر.

**مەدەنىي مىراسنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئىككى يول**

بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا پەقەت ئىككىلا يول بولۇپ، بىرىنچى يول، بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئۆگىنىشى ۋە ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

ئىككىنچى يول، بۇ غايىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە، ئومۇمەن دۆلەت مائارىپ ساھەسىگە قانۇن - تۈزۈم چەكلىمىلەرنى قويۇشى لازىم.

بۇ ئىككى يولنى تۆۋەندە قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن:

### ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم پەنلەردە مۇتەخەسسىس بولۇشى

ھازىر ئۈنىۋېرسىتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ياشتا چوڭ، ئەقىل - پاراسەتتە پىشىپ يېتىلىدۇ. ياخشى - يامانني ئايرىيالىغۇدەك بولىدۇ، ئۆگەنگەن بىلىمى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىگە تونۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار سەگەكلىك بىلەن تەرەققى قىلسا، ئالدىدىكى مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ماڭالايدۇ. شۇ جەھەتتىن بۇ مەسئۇلىيەتلەر ھۆكۈمەت ئۈستىگىلا يۈكلەنمەستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلار ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ.

شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ۋە ياشلار ئۆزىنىڭ تولۇق مۇسۇلمان ئىكەنلىكى چۈشەنچىسى بىلەن بولۇشى، ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىندا ئىسلامىي ھايات بىلەن ياشاشقا تەكلىپ قىلىنىغانلىقىنى بىلىشى، ئۆزىگە كېرەكلىك پروگراممىلارنى چۈشىنىشتە بىرخىل زوق ئىشتىياق بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى مۇسۇلمانلارنى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاساسى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، قايسى خۇسۇسىيەتلەردىن ئايرىلسا، ياكى ئۇنى يوقىتىپ قويسا، مۇسۇلمانلارنىڭ يوقىلىپ، ئۇلار ياشاپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام زېمىنى ئۇلاردىن خالىي ( گەرچە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ياشىسىمۇ ) ھالەتتە قېلىپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلاردىن بولۇپ قېلىشنى ئوبدان بىلىشى لازىم.

### ئىسلام ئاساسى قانۇنىنى بىلىپ يېتىشى

شۈبھىسىزكى، ئىسلامنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولسا: تەۋھىد ئەقىدىسى يەنى ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى؛

رىسالەت ئەقىدىسى يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئەلچىلەر، كىتابلار، چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى؛



بەئس ئەقىدىسى يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات ياكى جازا ئېلىش ئەقىدىسىدۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى مانا بۇ ئەقىدىلەرنى ياكى ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ، مۇنداقچە دېگەندە، ئۈچ چوڭ ماددىسىنى چۈشىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئەقىدىلەرگە شەك ئارىلىشىپ قالسا، ياكى ئۆزە چۈشىنىلىپ قېلىنسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ئاستىدا ئۇزاق مۇددەت ياشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشى لازىم.

مانا بۇ ئىسلام ئاساسى پرىنسىپلىرىغا شەك ياكى خىيال ئارىلىشىدىكەن، ئىسلام مەدەنىيىتى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇشقا ماڭغان بولىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى بولمايدىكەن، ئىسلام زېمىنى مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئۈچ ئاساس بولمايدىكەن، ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

### بۇ ئاساسى قانۇنىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتى

• شۈبھىسىزكى، ھەممىدىن ئەھمىيەتلىكى ئىسلامىيەت ئېڭى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنسىزلىق ياكى ماددىزمغا چاقىرىدىغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە شەك ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنى ئىككىلەندۈرۈپ قويىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت - پائالىيەت، چاقىرىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى، بۇزۇق ئەقىدىلەرگە چاقىرىق قىلغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە يول قويماسلىقى ۋە ئۇلارنى ئىسلام جەمئىيىتىدىن پاكىزلاش لازىم.

ئىسلام زېمىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قايسى يول بىلەن بولمىسۇن ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ۋاقتىدا چارە قوللىنىشى لازىم.

كىشىلەر ئېڭىغا ئىسلام زېمىنىدا ئىسلام ئەقىدىلىرى توغرىسىدا شەك - شۈبھە تارقاتقان كىشى كاپىر بولغان بولمىسىمۇ، ئۆز دىنىدىن چىققانلىق ھېسابلانمىسىمۇ، دىنىدىن يېنىۋالغان مۇرتەد سانالمىسىمۇ، ئىسلام زېمىنى ھەققىدە چوڭ خىيانەت قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئىسلام دىنى، ئىسلام ئەقىدىسى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن يوقىلىشىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى ھەممىڭلار ئۆزەڭلارنىڭ قەلب دەپتىرىگە يېزىۋېلىڭلار، ئەگەر سىلەردىن بىرى شۇنداق ئوي-پىكىرگە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئاگاھ بولسۇن.

بۇ ھەقتە دىنسىزلىق، ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولمىغان ناچار ئىدىيىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئىدىيە، كۆزقاراشلىرىنى، ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت، مەكتەپ، بىلىم ساھەلىرىدە بازارغا سېلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق لازىم. ئىسلام زېمىنىدا ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولمىغان، ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت پەلسەپىلەرنىڭ، ئىسلام پرىنسىپلىرىغا قارشى شەك كەلتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ناچار ئەخلاق، ناچار ئەقىدە ۋە ناچار ئىدىيىلەرنىڭ ئىسلام زېمىنىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.

## ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ زۆرۈرىيىتى

ئوقۇغۇچىلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىككىنچى مۇھىم ئىش، بىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىز ئىسلام ئەقىدىسىگە باغلىق بولغىنىدەك، ئىسلام ئەخلاقىغىمۇ باغلىقتۇر. ئەقىدە بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بولۇپ، بىرىنىڭ بولماي يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئەقىدىسى بىزدىن ئۆزىمىزگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ئەخلاق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇزۇندىن بۇيان بىزنىڭ مەكتەپ، مەدرىسىلىرىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمىدى. ياش ئوقۇغۇچىلار دىنىي دەرسلەردىن مەھرۇم قالدى، بەلكى ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە توپتىن زىت بولغان مەدەنىيەت، ئەخلاقلارنى تەرەققىيات داۋاسى بىلەن مەكتەپلەردە دەرس پروگراممىلىرىغا كىرگۈزدى. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، غەرب مىللەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەخلاق بىلەن بىز مۇسۇلمانلار تەرەققىيات بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى قوبۇل قىلالمايمىز، بەلكى بىز ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىز ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن



ئىسلام ئەخلاقى پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولغان تەرەققىيات، ئويغىنىش ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى تەرەققىيات دەپ قەدىرلەيمىز.

غەرب مىللەتلىرىدىن بولغان بەزى كىشىلەر ئەخلاقسىزلىق بىلەن ھاراق ئىچكەن، مەست ھالەتتە ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغان قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەخلاق پرىنسىپى ئەخلاقسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھايات ئۆلچىمىگە، ئۆرپ-ئادىتىگە زىت كەلمەيدۇ.

لېكىن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بۇ ئىشلارنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق چەكلەنگەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئەخلاقسىزلارغا يېقىنلىشىپ قېلىش، بۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلىپ، ھاياتنىڭ بۇخىل تۈردىكى يوللىرىغا ئەگىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلام تەلىماتىنى ئارقىغا تاشلاپ قويۇپ، ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئەخلاقسىزلىقلارنى مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلىپ، ھاياتنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىغا ئەگىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

غەرب مىللىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەر بۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى تارتىنماستىن قىلىپ تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆز مەدەنىيىتىگە، ئۆز ئەخلاقىغا زىت ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرەر شەخس بۇ ئەخلاقسىزلىقلارنى قىلىپ تاشلايدىكەن، بۇ بىزنىڭ قەدرىمىز، شەرىپىمىز، بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاساسىي پرىنسىپلارنى بۇزۇپ تاشلىغان بولىدۇ.

ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىشى بىلەن ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىشتىكى ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ.

ھاراقنىڭ ئىنسان جىسمىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى مۇسۇلمان كاپىر دەپ ئايرىماستىن ئوخشاش بولىدۇ. ھاراق ئىسلام دىنىغا ئەقىدە قىلمىغۇچى كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا چەكلەنگەن ئەمەس. بۇلار ھاراق ئىچسە جىسمىغا زىيىنى بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى مەسئۇلىيەتتىن خالىي بولىدۇ. ئىسلامغا ئەقىدە قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى يول قويغاندىن كېيىن، مىسقالچىلىك ياخشى ئەمەل قىلسا

ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغان، مىسقالچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغان، ھېساپ كۈنىنىڭ بارلىقىغا كامىل ئىمانى بولمىغاندىن كېيىن، بۇ جىنايەتنى قىلىپ تاشلايدۇ.

بۇ بۇنىڭ بىلەن بىرلا چەكلەنگەن جىنايەتنى قىلىپ، ئىسلام ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىپ توختىماستىن، بەلكى ئىسلام ئەخلاق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا، ئومۇمىي چەكلەنگەن جىنايەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق كۆپ كېلىدۇكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام تەلىماتلىرىدىن قەدىرلىنىدىغان، ھۆرمەتلىنىدىغان ھېچقانداق نەرسە قالمايدۇ. ئۇنى بۇ خەتەرلىك پاتقاقتىن، زەھەرلىك كېسەلدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش قىيىنغا توختايدۇ.

**ئىسلام جەمئىيىتىگە غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ زىيىنى**

شۇنى ياخشى بىلىشىڭلار لازىمكى، غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتى ئىسلام ممللىتىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرسە، تەبىئىيكى بۇنىڭ زىيىنى ئىسلامغا ئەقىدە قىلمىغۇچى مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرگەندىن كۆپ ھەم خەتەرلىك بولىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان، ئىسلامغا ئەقىدە قىلمىغۇچى مىللەتلەر بەزىسى بەزىسىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلار، مەسىلەن، ھاراق ئىچىش، تارتىنماستىن يامان ئىللەت، ئەخلاققا ئۇيغۇن بولمىغان قىلىقلارنى قىلىشلار. مانا بۇلار شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان بولۇپ، مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان، ئىسلامغا ئەقىدە قىلمىغۇچى مىللەتلەر بۇلارنى باشقىلاردىن قوبۇل قىلىش بىلەن ئومۇمىي بىر مىللەت ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قارىماققا ئوخشاش بولمىسىمۇ، تۈپ يىلتىزىدىن بىردۇر.

ئەمما بىز مۇسۇلمانلار بۇ مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلساق، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، ئىمانىمىز قەدىر ـ قىممىتىمىز خەتەرگە، زىيانغا ئۇچرىغاندىن باشقا بۇ مەدەنىيەتلەر ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر قەلبىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئېتىقادىمىزنى بوشاشتۇرۇپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاسىيلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ



بىلەن ئاستا ـ ئاستا دىنىدىن چىقىرىدۇ. بۇنداق بولغاندىن كېيىن، دۇنيادا بىز قەدىرلەپ كەلگەن ئومۇمىي ھايات قانۇنىغا قايتىش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى بىز ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىق بولغان ئومۇمىي ھايات قانۇنىغا ئەگىشىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمىدۇق. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدۇق. مۇشۇ جەھەتتىن بىر مۇسۇلمان ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر ئىشنى قىلىپ تاشلايدىكەن، ئۇ ئۈچ ـ تۆت قېتىم قىلىپ توختاپ قالماستىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ياداپ، ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى، ئىمانى يوقالغانغا قەدەر قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە قانۇن ـ ئىنتىزاملارغا قارىتا ھېچقانداق ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە بوزۇلۇشى بىر چېگرادا، بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ.

شۇنى بىلىشىڭلار لازىمكى، بەزى مۇسۇلمان كىشىلەر ئاللاھقا، ئۇنىڭ ئىلاھىي قانۇنىغا، قۇرئان كەرىمگە، تولۇق ئىمانى بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ قەتئىي چەكلىگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى قاتتىق نارازى بولىدىغانلىقىنى، قۇرئان كەرىم ئۇ ئىشنى ھارام دەپ بەلگىلىگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلىپ تاشلىسا، قىيامەت كۈنى قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تارتىنماستىن ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن بولمىغان بەزى قىلمىشلارنى قىلىپ تاشلايدۇ.

ئۇ بۇ قىلمىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە جەمئىيەتتە ھۆرمەتلىنىش ۋە قەدىرلىنىشكە نېمە ھەققى بار؟

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق پرىنسىپىغا تولۇق ئىمان كەلتۈرمەستىن، ئۇنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشقا ھاجەت بارمۇ؟ ھەقىقىي ئىبادەت قىلىش، چوقۇنۇشقا ھەقلىق دەپ قارىماستىن، ۋەتەن مەنپەئەتى ياكى مىللەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟

ئاللاھ قانۇنىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇقەددەس قانۇنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان، ئۆز ئەقىدىسىدە قانۇن دەپ قارىغان قانۇنلارغا ئۇيغۇن بولمىغان قىلىقلارنى قىلىپ ئادەتلەنگەن بۇخىل تۈردىكى كىشىلەردىن ھاياتنىڭ ھېچقايسى خىلدىكى قانۇن ـ ئىنتىزاملىرىغا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقا ھەرقانداق خىلدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولۇشقىمۇ يارىمايدۇ.

## مۇسۇلمان ياشلىرى ئوتتۇرىسىغا ناچار مەدەنىيەت ئېقىمى تارقاتقانلارنىڭ جىنايىتى

شۈبھىسىزكى، ئىنسان بو ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتسە ئىدى، بىزنىڭ تەلىم - تەربىيە ساھەسىدە، مەكتەپ - مەدرىسىلەردە ياشلار ئوتتۇرىسىغا ئىسلام ئەخلاقى، مىللەت ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرخىل بولمىغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىق ناچار ئاڭ - پىكىرلەرنى تارقىتىپ، بۇ قىلمىشلارنى ياشلارغا چىرايلىق كۆرسىتىپ، ياشلارنى ئازدۇرۇپ ئۇلاردا ئىسلام ئەخلاق پرىنسىپىنى كۆزگە ئىلمەسلىك، ئۆز مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلىمەسلىكتىن ئىبارەت خەتەرلىك كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ مۇسۇلمان ياشلارغا، ئىسلام مەدەنىيىتىگە، ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە بولغان زىيىنىنىڭ نەقەدەر ئېكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولاتتى.

ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە، ئىسلام ئەللىرىدە بۇلارنىڭ جىنايىتى نېمە دېگەن ئېغىر، نېمەدېگەن رەزىل - ھە!

ئەھۋال بونداق بولغان ئىكەن، بىزنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنى چۈشىنىپ يېتىشى بەكمۇ زۆرۈر. ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولمىغان قىلمىشلاردىن بىرەرنى قىلىپ تاشلىغان بولسا، ئوقۇغۇچى دەرھال ئۇ قىلمىشتىن ئۆزىنى تارتسۇن. مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى بۇ ناچار قىلمىشلاردىن پاكىز تۇتسۇن.

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى مۇشۇنداق ناچار ئەخلاق، ناچار ئاڭغا قارشى تۇرالايدىغان، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان، ئومۇمىي كۆزقاراش، ئومۇمىي ئاڭغا ئىگە بىرخىل ئوقۇغۇچىلار مۇھىتى بەرپا قىلىشى لازىم.

ئوقۇغۇچىلار! ئۆزىمىزدىن ئادىللىق بىلەن سوراپ باقايلى، مۇشۇنداق ناچار مەدەنىيەت ئېقىمىغا، ناچار ئەخلاققا قارشى تۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتسا ياكى ئۆزىنى تارتىپ ئادەتلىنىپ، قارشىلىق كۆچى يوق ھالدا ئۆسۈپ چوڭ بولسا، ھەرخىل رادىئو، تېلېۋىزور، كىنو، ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرى، مەكتەپ -



مەدرىسىلەردە ھە دەپ خەلق ئىچىگە تارقىتىۋاتقان دىنسىزلىق، ناچار مەدەنىي قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ قىلمىشلاردىن توسۇپ قىلىشقا قايسى كۈچ جۈرئەت قىلىپ توسۇپ قالالايدۇ؟

شۈبھىسىزكى، سىلەر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولمىغان باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنى، سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن قىلمىساڭلار سىلەرنى ئۇ قىلمىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ھېچقانداق ھاكىمىيەت يوق. لېكىن بۇيەردە بولىدىغىنى قىزىقتۇرۇش، گۈزەل كۆرسىتىش ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە ھەيران قېلىشلار دۇر. ئوقۇغۇچىلار سىنىپى ئۆزى دىققەت قىلىپ بۇ قىلمىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، مەكتەپ، مەدرىسىلەردە بۇ ئاڭ، بۇ قىلمىشلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم. ئوقۇغۇچىلار مۇھىتى ئىچىدە بۇنداق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش ئېقىمى بار، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنى قوغداش ئېقىمى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككى مەسىلە ئوقۇغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بونى ياخشى بىلىپ يەتسە، بىزنىڭ مەكتەپ - مەدرىسىلىرىمىز ئەخلاقىي، مەدەنىي ۋە پىكىر تەرەپتىن ئۇچرىغان زىيانلاردىن خالىي بولالايدۇ.

تۆۋەندە مۇشۇ ساھەدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى خىيانەتچىلەرنىڭ زىيىنى

ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى، پاسادچىلىق، خىيانەتچىلىك. بۇ ئىنگلىز تىلىدا ( Corrution ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا پارىخورلۇق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ قىلمىشلارنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى قايسى؟

بۇ قىلمىشلارنى جەمئىيەتتىن ئۈزۈل كېسىل تۈگىتىشنىڭ يولى قايسى؟

مانا بۇ قىلمىشلار مۇشۇ ئەسىردە مۇسۇلمان مىللىتى ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان بىرخىل كېسەللىكتۇر.

ھەرقانداق بىر تۈزۈم، قانۇن - لايىھە ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە خىيانەت قىلغۇچىلارغا يول قويمايدۇ. ھەرقايسى ئىجرائىيە كومىتېتلىرى ئۆزلىرى تۈزگەن

قانۇنغا ئۇيغۇن بولمىغان بۇزۇق قىلمىشلارغا چەك قويغان ھالدا، ئۆزىگە خاس قانۇن-تۈزۈم بېكىتىدۇ. بەزى ئەھۋالدا، بۇنداق جەمئىيەتلەردە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىكلەرگە نىسبەتەن يەنىلا ئىشىك ئوچۇق بولىدۇ. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەستىن، خىيانەتچى، پارىخورلارنىڭ تۈپەيلىدىن، تىجارەت ئەتكەسچىلىرى مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بايلىقىنى دۆلەت سىرتىغا يۆتكەپ چىقىپ، شۇ دۆلەت، شۇ مىللەتنىڭ ئەبەدىي دۈشمەنلىرىگە ساتىدۇ.

پارىخورلار، خىيانەتچىلەر بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى بىزنىڭ قان-تەرىمىز بەدىلىگە تەربىيىلەيدۇ.

سىلەر تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈڭلار. ئازراق پۇل بەدىلىگە ئۆز مىللىتىدىن بولغانلارغا ساختىلىق، خىيانەت، پارىخورلۇق قىلغان ئادەمنىڭ ئالدىغا پۇل، ئىسىل ئۆي، ئىسىل ماشىنا قويۇلسا، ئۇ مىللەت، دۆلەت دۈشمەنلىرىگە مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى سېتىۋېتىشنى قىيىنغا توختارمۇ؟

خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ساختىپەزلىكتىن ئىبارەت بۇ ۋابا كېسىلى جەمئىيىتىمىزدە تارقىلىۋاتقان، نەچچە ئونمىڭلىغان شەخسلەر ئۆز دىنى، ئۆز ئەقىدىسى، ئۆز ئامانىتى، ئۆز ۋىجدانىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى يولىدا قۇربان قىلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، جەمئىيىتىمىزدە ئىدىيىسى ناچار كىشىلەر ئۇلارنى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتكە سالالايدۇ. شۇنڭدەك، مىللىتىمىزنىڭ، دىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنى مىللىتىمىز ۋە دىنىمىزنى تۈپ يىلتىزىدىن ۋەيران قىلىش يولىدا ئازغىنە پۇلغا، ئىقتىساد، راھەت بەدىلىگە ئۆز مەقستى ئۈچۈن خىزمەتكە سالالايدۇ.

### خىيانەتچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى

تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىڭلار، مانا بۇ ئەلەملىك، پاجىئەلىك قىلمىشنى قايسى ئامىل قىلدۇرۇۋاتىدۇ؟

ئوپئوچۇقكى، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ساختىپەزلىك، ساتقۇنلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار جەمئىيىتىمىزدىكى مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك قېرىنداشلىرىمىزدۇر.



ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرخىل كىرىزىسلىرى ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىزلەرنىڭ قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن بىرگە ئوقۇغان ياكى بىز ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتوتلاردا بىزنى تەربىيىلىگەن ئۇستازلاردا تەربىيىلىنىپ، ئوقۇپ چىققانلارنىڭ قولى بىلەن ھەل قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ بولسا، بىزنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىمىزدە تەلىم-تەربىيە، ئىدىيىۋى ئەخلاقنىڭ نەقەدەر كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇپ كېسىلىگە يولۇققانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپ چىققانلاردۇر. تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلانغىنىمىزدا، تەلىم-تەربىيە، مائارىپ ساھەسىدىكى كەمچىلىكلىرىمىز، بىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىز، ئەقىدىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە ئەخلاقىمىزدىكى كەمچىلىكلەردىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەقىدە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ئۆز ئەخلاقىنى كۆزگە ئىلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى سەزمەيدىغان، ئۆز ئەقىدىسىگە شەك بىلەن قارايدىغان، ھەتتا بۇ ئەقىدىلەرنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ مەۋجۇت بولماقتا.

ئۆز قەلبىدىكى ئەقىدە تۈرتكىسى بىلەن ئىككىلەنمەستىن بۇ ئەھۋاللاردىن ساق-سالامەت قۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ بار.

بىزنى يەنىمۇ پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىشقا چاقىرىدىغان نەرسە، مەن دېگەندەك، مەيدانى ئوچۇق بولمىغان ناچار ئەقىدە، ناچار ئىدىيىدىكى بىلىملىك كىشىلەر كۆپ سانىنى ئىگەللەپ كەتكەندىن كېيىن، جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاق، ئەقىدە پرىنسىپلىرىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىز ئۈچۈن، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان، قىيامەت كۈنىدىكى ئوتلۇق ئازابتىن قورقمايدىغان كىشىلەرنى مەسئۇلىيەتسىز، خىيانەتچى، يالغانچى ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىدىغانلاردىن بولۇپ قىلىشتىن كىم توسۇپ قالالايدۇ؟

يولى ئوچۇق بولمىغان، ئەقىدىسى مۇجمەل كىشىلەر ئۆز زاتىدىن يىراقلاشقان بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى بىرەر مۇقەددەس يولدا ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ، قۇربان بېرىشكە قانائەتلەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟

مۇسۇلمانلارنىڭ قوغدايدىغان ئاساسى چېگرا - تېررىتورىيىسى مۇسۇلمان مىللىتى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قانۇنىنى، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام بايرىقىنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇ كىشىلەرگە بۇ تەلەپنى قويغىنىمىزدا، ئۇلارنى ئۈمۈچۈكنىڭ تور توقۇش ئۈيىدىكى خىيالغا ئوخشاش قىلىپ قويىمىز. تەبىئىيكى، ئۇلاردا بەزى غەيرەت - شىجائەت، قىزغىنلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆز شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قۇربان بېرىشتىن باش تارتمايدۇ.

## مىللەتنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىسلام قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئادىللىق، ھەقنى قوغدايدىغان راسچىللىقلار ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مانا بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنى دۇنيادىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ، ئاللاھتىن قورقىدىغان ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن قورقىدىغان، قىيامەت كۈنىدىن قورقىدىغانلاردىن قىلىدۇ.

بۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىسلام بايرىقىنى قوغداش يولىدا، ئۆز نەزىرىدە قانچىلىك مۇقەددەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قۇربان بېرىشتىن باش تارتمايدۇ.

لېكىن ئىسلام مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۆزىنىڭ قۇربان بېرىپ قوغدايدىغان بايراقلىرى ۋە ئەقىدىلىرى بار.

سىلەر ئۆز مىللىتىڭلارنى يەنى مۇشۇنداق بايراقلارنى قوغدايدىغان ئىسلام مىللىتىنى، ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىپ، مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ ئۆزگەرتىشىڭلار ۋە باشقا بىر مىللەت قىلىۋېتىشىڭلار ئۈچۈن، ھەرخىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئاز دېگەندە 50 يىل تىرىشچانلىق قىلىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. سىلەر ھەيرانلىق بىلەن قارىغان غەرب ئەللىرىدە كۆرۈۋاتقان ئەخلاق، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى مىللىتىڭلارغا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، مىللىتىڭلاردىن ئىسلامىيەت تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرەر ئەسىر، ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئەۋلاد ئالماشمىغۇچە ئىسلامىيەت تەسىرى يوقالمايدۇ.



ئەمما بۇ مىللەتنى ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلىمەكچى بولساڭلار ئىشقا چۈشۈپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆرەلەيسىلەر. چۈنكى تەۋھىد ئەقىدىسى، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچى، كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشلەر، ئومۇملاشقان ئىسلام ئەقىدىسىنى بىزنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىمىز، ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن مىراس ئالىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇلارنىڭ قان تومۇرىدا مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنىڭ قېنى، ئىسلام مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تېپىلىدۇ. مانا بۇ - ئەسلى ئىسلام بولغان ئۇرۇقچا. بۇنىڭغا ئازراق سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلىنسا، باشقىدىن ياشىرىپ ئۇنىڭ مېۋىسى دەرھال كۆرۈلىدۇ.

مۇستەملىكىچى مىللەت ئۈچۈن، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ياكى ئەخلاقىمىزدىنمۇ بىزنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق مۇسۇلمان بولغىنىمىز، ئىسلامغا خالىس ئەقىدە قىلغىنىمىز بەكرەك خەتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلەر قايسىبىر ئىسلام مىللىتىنى مۇستەملىكە ئاستىغا ئېلىپ ئىشغال قىلىۋالىدىكەن، ئالدى بىلەن بىز مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ ئىمانىنى تەشۋىشكە سالىدىغان، قەلبىگە شەك - شۈبھە ئارىلاشتۇرىدىغان دەرسلىكلەرنى مەجبۇرى تاڭىدۇ. ئىسلام ئەقىدىلىرىمىز ھەققىدە جەمئىيەتتە نۇرغۇن شەك - شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى، ئەقىدە ۋە ئېتىقادىمىزنى كۆزلىرىمىزگە پەس، يامان كۆرسىتىدۇ، ھەتتاكى مەدەنىيەتسىز دەپ ئاتايدۇ.

سىياسىي مۇستەملىكىچىلەر ئۆزىنىڭ تارىخى غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز مۇسۇلمان مىللىتىنى ئىسلام دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بىز مۇستەملىكىچىلەر قولىدىن ئازات بولۇپ تۇرۇپمۇ، يەنە غەيرى مىللەت مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، مائارىپ ساھەسىدىكى پروگراممىلارنى ئۆزگەرتمەستىن قوللانساق بۇ ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ ماڭغان بولىمىز.

## گۇمانلىق ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار ئىسلام ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر

بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە باشقا مائارىپ ساھەلىرىدە بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار قەلبىگە ئىسلامىيەت ھەققىدە ئىسلامنىڭ تەلىماتى، ئەخلاق پرىنسىپىغا شەك-شۈبھە ئۇرۇقىنى چېچىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنى، تارىخى يوق، سىياسىي قانۇن-پرىنسىپلىرى يوق، ئىقتىسادىي قانۇن-تۈزۈملىرى يوق. ئىسلام قانۇن-تۈزۈملىرى بۈگۈن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئانوم دەۋرگە ئۇيغۇن ئەمەس، مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيان بىرەر ئىشقا قارىتا ئەمەلىي بانۇرلۇق كۆرسەتكىنى يوق، ئىجاد قىلغىنى يوق. بىزنىڭ تارىخ سېپىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقىنى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر، ھەرخىل پەنلەردە، ئىجادىيەت ساھەسىدە ئۇتۇق قازانغانلار مۇسۇلمان مىللەتتىن ئەمەس، دېگەندەك بولمىغۇر پىكىرلەرنى ھە دەپ تارقىتىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇلارغا شۇنداق دېمەكچى، بىزنىڭ ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزگە مۇشۇ خىلدىكى دەرسلەرنى دەرسلىك قىلىپ سۆزلىگەن، ياشلارنىڭ زېھنىنى مۇشۇ خىلدىكى پىكىرلەر بىلەن زەھەرلىگەنلەر، ياشلارنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىۋاتقۇچىلار بولۇپ، بۇلار خائىنلاردۇر. شۇنداقلا ئىسلام دۆلەتلىرى، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدۇر. چۈنكى بۇلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى، ئىسلام ئەخلاقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، مىللەتنى، دۆلەتنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىشلىگەنلەردۇر.

يېڭى ئۆسمۈرلەرنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ مۇشۇنداق خائىنلارنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چىقىپ قېلىشى نېمە دېگەن دەھشەتلىك، ھە!

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىزنىڭ ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارنىڭ بەزىلىرىدە، ئومۇمەن ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تەلىم-تەربىيە، ئىدېئولوگىيە قىسىملىرىدا شەرقشۇناس، غەيرى مىللەتتىن بولغان چەتئەللىك ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار بار. بۇلار بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى ناچار پىكىر ئىدىيىلەر بىلەن ئۆستۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلىمەكتە. خۇسۇسەن ئىجتىمائىي پەن، پېداگوگىكا قىسىملىرىدا شۇنداق بولماقتا. بۇ ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق بىر مىللەت ئىگىلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگىرىپ يوقىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقى ئەمەسمۇ؟



## دەرس پروگراممىلىرىنىڭ كەمچىلىكى

ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مائارىپ ساھەسىدىكى دەرس پروگراممىلىرىنىڭ كەمچىلىكىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تولۇق ئىمانى بولمىغانلار ھەممە يامانلىقنى قىلىدىغان بولۇپ، بۇزۇق ئىدىيىلەر، دىنسىزلىقلار بارا-بارا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇغۇچىلار زېھنىدە دىنسىزلىق، دىننى كەمسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، بىز تۇرۇۋاتقان يەر شارى مەقسەتسىز مەۋجۇت بولۇپ قالغان، بىر تاشقىرى كۈچ ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرمىسىمۇ، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتى. ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى، ئۇنى ئىنتىزاملاشتۇرغۇچى مەۋجۇت ئەمەس، دېگەندەك بۇزۇق ئىدىيىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ، يوقىرىقىدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ قالىدۇ-دە، مانا بۇ تەسەۋۋۇر بىلەن ئىگەللىگەن بىلىم ئۇنىڭدا، ئىنساندا مۇتلەق ھۆررىيەت بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا، ئىنسان ئىلاھىي ھىدايەت يولىنى تېپىشتا يول باشچىغا مۇھتاج ئەمەس، بەلكى ھىدايەت ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ دېگەن ئۇقۇمنى تۇغدۇرىدۇ. مانا بۇنداق تەسەۋۋۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى، ئىسلام ئەخلاقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ. بىز بۇيەردە ئىلىم ئىگەللىگۈچىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان يېڭى تۈزۈم، يۆنىلىشلەر ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

بۇيەردىكى ئوخشاشماسلىق بولسا، بىز مائارىپ ساھەسىدە ئىجتىمائىي پەنلەر، تەبىئىي پەنلەر، پەلسەپە، تارىخ ھەممىنى ئوقۇشىمىز لازىم. شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى، ئىنسان ئىگەللىگەن بىلىملەردىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. چالا قويماستىن بۇ ساھەگە دائىر بولغان ئىلىملەرنى تولۇق ئىگەللىشىمىز زۆرۈر. لېكىن بىز ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بىلىملەرنى چوقۇم ئىسلام ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئوقۇشىمىز كېرەك.

شۈبھىسىزكى، ھازىرقى دەرس پروگراممىلىرى بىز خالايلى مەيلى خالىمايلى نەتىجىدە، بىزنىڭ ئىسلامىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. مانا بۇ ھازىرقى دەرسلىك

تۈزۈمىمىزدىكى ئاساسىي مەسىلە. بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى قانچىلىك بىلىپ يېتىپ، ھەل قىلىش يولىنى تاپقانسېرى ئىسلام مىللىتىنىڭ بەخت - سائادەت يولىغا شۇنچىلىك تېز يېقىنلاشقان بولىمىز. بەزى كىشىلەر بۇ پىكىرنى ئاڭلىسا ھەيران قېلىشى مۇمكىن. تەجرىبە بىلىملەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە بەزى كوممۇنىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە ماددىزم ۋە ماتېرىيالىزمچى بولۇشقا چاقىرغانلىقىنى، ئۇنىڭ رولىنىڭ بۇ دۆلەتلەردە قانداق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىسلامىيەت بىلەن نېمە ئالاقىسى بار دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەن:

تەبىئىي پەنلەر (تەجرىبە بىلىملەر)نىڭ ئىسلامىيەت بىلەن ئالاقىسى بولمىسا، ماركسىزم، ماتېرىيالىزم بىلەن ئالاقىسى بارمۇ؟

كوممۇنىستلار، كوممۇنىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئۆز جەمئىيىتىدە قايسى بىر شەخسنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلىملىرىنى، بۇرژۇئازىيەگە خاس پەلسەپىلەرنى، بۇرژۇئازىيە تارىخلىرىنى، بۇرژۇئازىيە ئىستىبدات تۈزۈملىرىنى دەرس قىلىپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بەلكى يول قويمايدۇ.

بۇنداق بىلىملەرنى ئۆز جەمئىيىتىدە سوتسىيالىست مۇتەخەسسىسلەر، سوتسىيالىست ئالىملار، سوتسىيالىست يازغۇچىلار، ئەدىبلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە بۇ پەنلەر ماركسىزم ئىدىيىسى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ دەرسلىك قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇرژۇئازىيە كۆزقاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلىملەرگە رۇخسەت قىلىنسا ئىدى، سوتسىيالىستلىك تۈزۈملەر داۋاملاشمىغان بولاتتى. تەبىئىيكى، ھەرقانداق شەخسنىڭ ھاياتىدا ئۆزى رازى بولىدىغان، ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆزىگە خاس دۇنيا قارىشى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا زىت، ئۆز مەدەنىيىتىگە، ئۆز ئەقىدىسىگە قارشى كىشىلەر تەييارلىغان بىلىملەرنى شۇپىتى ئۆزگەرتمەستىن ئوقۇشقا، شۇ خىلدىكى ئىدىيىلەرگە كىرىپ كېتىشكە رازى بولمايدۇ. رازى بولغانلىق بولسا، ئۆز مەدەنىيىتى، دۇنيا قارىشى ئۆز شەخسىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا رازى بولغانلىق بولىدۇ، خالاس.

## تەبىئىي پەنلەرنى چۈشىنىشتە ئىككى خىل يولغا تايىنىش كېرەك



تەبىئىي پەنلەردىن سۆز ئاچقىنىمىزدا، تەبىئىي پەنلەر ئالىي تۈردىكى بىلىملەر ھېسابلىنىپ، ھېچبىر دىن ياكى بىرەر مىللەت ئىرقىغا ياكى بىرەر دۇنيا قارىشىغا مەنسۇپ ئەمەس، ئۇنداق دەپ قاراش بىلىمسىزلىك، خاتالاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىي پەنلەرنى چۈشىنىشتە ئىككى خىل يول بولۇپ، بىرىنچىسى: نۇرغۇن ئىلمىي تەجرىبىلەرنى سىناق قىلىش نەتىجىسىدە ئىنسانلار چۈشىنىپ يەتكەن تەبىئىي قانۇنلارنىڭ ھەقىقىتىدىن ئىبارەت. مانا بۇنىڭ دۇنياۋى ئېقىم ئىكەنلىكىدە ھېچكىم شەك قىلمايدۇ.

ئىككىنچى يول بولسا، ئىلمىي ھەقىقەتلەر، نەزەرىيە ئاساسلىرىنى زېھنىدا مۇستەھكەم ساقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، تىلنى ئەقىل بۇ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

بۇ دۇنياۋى ئېقىم ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئۆزىگە خاس ئۇسۇللار بىلەن، ئۆز ئەقىدىسىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۆز ئەقىدىسى، ئۆز دىنىغا چاقىرغۇچى ئېقىمدۇر، تەبىئىي ئىشتۇر.

بىز تەبىئىي پەنلەردە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماقچى بولساق، بىرىنچى يولغا تەگمەستىن، ئىككىنچى يولغا ئىسلامىي ئۇقۇم بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىمىز لازىم. سىلەرگە ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن بىرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتەي:

دۇنيادا سۇدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە سوۋۇپ مۇزلىسا يەڭگىللىشىدۇ. لېكىن سۇ ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر سۇ مۇزلىسا كېڭىيىدۇ. قارغا ئايلانسا ۋەزنى يەڭگىللىشىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن قار سۇ يۈزىدە ئېرىيدۇ. مانا بۇ بىر خىل ئىلمىي تەجرىبە بولۇپ، بۇنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئەقىدىدىكى ئىككى شەخس ئىككى خىل چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى، بۇ سۇدىكى خۇسۇسىيەت دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى.

ئىككىنچىسى ئۆز تەجرىبىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يېتەرلىك ھېكمىتى بىلەن، دېڭىز، كۆلچەك، ئوكيان، دەريالاردا ياشايدىغان مەخلۇقلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن بۇ خۇسۇسىيەتنى سۇغا بەرگەن. ئەگەر بۇ خۇسۇسىيەت سۇغا بېرىلمىگەن بولسا ئىدى، سۇ مۇزلىسا، تۆۋەنگە چۆكۈپ دېڭىز، كۆلچەك، دەريا، ئوكيانلار بىر دۆگىلەك قارغا ئايلىنىپ ھەممىسى توڭگەن بولاتتى، ئۇ ۋاقىتتا ھاياتلىق مەۋجۇت بولمايتتى دەيدۇ.

ئۆيلىنىپ كۆرۈڭلار، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئىككى شەخس ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل، قارىمۇ قارشى پىكىرلەر بىلەن ئۆز تونۇشنى، ئۆز چۈشەنچىسىنى ئىزاھلىدى.

مانا بۇنداق چۈشىنىشتىكى ئىككى خىل ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلار زېھنىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى قالدۇردى. بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئەمەلىي تەجرىبە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار زېھنىغا ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ ھېكمىتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەربىيەتچى ئىكەنلىك ئەقىدىسى سىڭدۈرۈلسە، يەنە بىر ئۇسۇلدا ئۇنىڭدىنمۇ ئەمەلىي تەجرىبە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، لېكىن ئىلاھىي كۈچ تەسەۋۋۇر قىلىنمىلىدۇ، بەلكى بۇ تەسەۋۋۇر ئۈستىدىكى پىكىر بولۇپ، ئۇ يەرشاردىكى خۇسۇسىيەتلەر بىر-بىرسىگە باغلىنىشلىق سەۋەب بىلەن، ھېكمەت بىلەن ئۆيلىغۇچى، ئىنچىكىلىك بىلەن ياسىغۇچى بىر تەربىيەتچىنىڭ تەربىيىسىدىن خالىي مەيدانغا كەلگەن دېگەندىن ئىبارەت.

سىلەر بۇنىڭدىن تەبىئىي پەنلەرنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇشتا مائىرىيالىزمچى دىنسىز ئالىملار بىلەن، ئىسلام ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىۋالالايسىلەر.

ئەمەلىيەتتە قىلىسى خىلدىكى تەبىئىي پەنلەر بولمىسۇن ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقا بولغان ئەقىدىسىنى كۈچەيتىدۇ. فىزىكا، خىمىيە، ئاناتومىيە، ئاستىرونومىيە، مېدىتسىنا، ئاسمان جىسىملىرى تەتقىقات بىلىملىرىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان ئەقىدىسىنى كۈچەيتىپ راستچىل مۆمىنلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

بۇلارنى قۇرئان كەرىم بىرنەچچە يەردە تەكرار-تەكرار ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ ئۆتكەن. لېكىن دىنسىز، مائىرىيالىزمچى ئالىملار بۇ ھەقىقەتلەرنى بورمىلاپ ئۆز كۆز قارشى بىلەن چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن تەۋھىد ئەقىدىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىدىغان، مائىرىيالىزمچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئاللاھنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلسا، بۇ تەسەۋۋۇرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ.



مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلەردىن مەسىلىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلىپ يېتىپ، دەرھال چەك قويۇشنى تەلەپ قىلىمەن.

يارائقوچىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئىلاھ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىدىغان، ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان ھەرقانداق پەلسەپە، ھەرقانداق بىلىملەرنى بىزنىڭ مەكتەپ، مەدرىسە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇلۇشقا يول قويماسلىق، ئەگەر بىز ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىسلام ئېگىنىنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىساق ھازىر تەييارلانغان بارلىق كىتابلارنى ئىسلام پىكرىگە ئۇيغۇن قىلىپ تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن دەرسلىك پروگراما قىلىشىمىز ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلىشىمىز لازىم.

ئەگەر ئۇنداق قىلماي ئەۋلادلىرىمىزغا چەتئەللىكلەر تۈزۈپ بەرگەن بويىچە ئوقۇتساق، ئۇ ۋاقىتتا دىنىمىز، ئەقىدىمىز، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان مىللىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، يوقىلىشقا قاراپ ماڭغان بولىدۇ، خالاس!

**ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى**

ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئەخلاقىي تەربىيىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىدۇر.

ھەرقايسى ئىش ئورگانلىرى ئۆزىگە يارامىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشى ئۈچۈن بۇ تەربىيىگە بەكمۇ مۇھتاجدۇر.

مەيلى ئەسكەر يېتىشتۈرىدىغان ئورگان بولسۇن، ياكى ساقچى تەربىيىلەيدىغان ئورگان بولسۇن، بۇ ئورگانلاردا ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسى ماددا قىلىنىپ دەرسلىك قىلىنىشى، بۇ ئورگانلاردا يېتىشىپ چىققانلار ئىسلامىيەت تۈزۈمىگە رىئايە قىلىدىغان، ئىسلامىيەت ئەقىدىسىنى زېھنىغا مەھكەم ئورنىتقان ھالدا يېتىشىپ چىقىشى لازىم.

شۇنداق بولغاندىلا ھەرقايسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پارىخورلۇق، پاسادچىلىقلارغا خاتىمە بېرەلەيدۇ. مانا بۇ ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىككە يۈزلىنىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بەكمۇ پايدىلىق. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ياكى ئابدۇرەھمان بولسىلا مۇسۇلمانغۇ دەپ ئۇنىڭ تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بەرمىسەك، جەمئىيەتنىڭ ياخشى مۇسۇلمان ئەزاسى بولۇپ چىقىشىغا

كۆڭۈل بۆلمىسەك، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يېتىشىپ چىققان ساقچى ـ ئەسكەر بولسۇن ياكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بولسۇن، بىز ئىشەنچ باغلىيالايدىغان، ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن قوراللانغان شەخسلەردىن ئاللاھ رەھىم قىلىپ بولار ئارىسىدىن بىرەرسى چىقىپ قالمىسا ئۇنداق كىشىلەر يېتىشىپ چىقمايدۇ. نەتىجىدە، ئىدىيىسى ئۇچۇق بولمىغان، ھەرساھە ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئەسكەر يېتىشىپ چىقىپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن خىيانەتچىلىك، ھەرخىل پاسادچىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام پەزىلىتى بىلەن يېتىلىپ ئۆسۈشىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن.

## ھەربىي تەربىيەنىڭ ئىسلام پرىنسىپى بىلەن بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى

ئىسلام ئەللىرىدە، ئىسلام مىللەتلىرى ئىچىدە سىلەر ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈۋاتقان بەزى ئورۇنلاردا ئەمەلىي قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەر، ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش يولىدىكى قىزغىنلىقلىرى بىزنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىكى تەربىيەدىن بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولى بىلەن ئۇلارنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ، ئىسلامىي ئائىلىدە تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئازغىنا ھەقىقىي مۇسۇلمان ئانىلارغا مەنسۇپتۇر، ياكى ئۇلار قەلبىگە ئىسلام ئۇرۇقىنى ئۈندۈرۈپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى، شەھىد بولۇشنى مۇقەددەس دەپ تونۇپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئىسلام ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىسلام جەمئىيىتىگە مەنسۇپتۇر.

مانا بۇنداق تۈزۈم بىزنىڭ مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلار، ھەرقايسى ئاكادېمىيلار خالىي قىلىنغان تۈزۈم.

بىز دىققەت قىلماستىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پاسادلىشىپ، ئەۋلادلار قەلبىدە ئىسلام تەسەۋۋۇرى، ياخشى تەسىرلەرنىڭ يوقىلىشىغا قاراپ تۇرساق، تەبىئىيكى كەلگۈسى ئەۋلادلار روھسىز، مەيدانسىز، قۇربان بېرىش، قوغدىنىش سالاھىيىتى يوق ھالدا تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ، خالاس.

چۈنكى ھازىرقى مەكتەپلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپ چىققان ۋە چىقىۋاتقانلاردا ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىسلام تەسەۋۋۇرى، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقىرىدىغانلار يوق ھېسابتا.



مانا بۇ ئۇقۇم، بۇ تەسەۋۋۇر بىلەن ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقلىرىنى، روزا تۇتۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلغانلىقلىرىنى دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرۇشى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئەسلەپ، زىكىر قىلغانلىقلىرىنى كۆرۈشى ھەم شۇنداق ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىشىپ چىقىشى لازىم.

ئەمما ھازىرقى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققان ۋە چىقىۋاتقان ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغىنى كىنو چولپانلىرى، ئۇسسۇلچىلار، ناخشىچىلار، ئۆزى كۆرگەن كىنو ـ تىياتىرلارغا ئىزاھات بېرىش، ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش زاللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇلار ئىچىدىن ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تۇرىدىغانلىرى يوق ھېسابتا. بۇ ئانىلارنىڭ قۇچىقىدىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى يولىدا كۈرەش قىلالايدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىيالايدىغان، روھلۇق ياشلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟

بىز شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ياش ئەۋلادلارنى، ئىسلام مىللىتىنى، ئىسلام ئەللىرىنى قوغداشنى مۇقەددەس بىلىدىغان، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، ئىسلام دىنى، ئىسلام ۋەتىنى يولىدا ئۆز قېنىنى ئايىمايدىغان، ئىسلامىي ھايات نىزامىنى ساقلاپ قېلىشنى شەرەپ بىلىدىغان ھالدا يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئەۋلادلارغا بولغان ئىسلامىي تەربىيىلەرنى كۈچەيتىشىمىز، ئۇلار ئۈستىدە ئىسلام تەربىيىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز، ياشلارنى ئىسلام خۇشەنچىسى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىمان ئۇرۇقىنى چوڭقۇر چاچالايدىغان ئەڭ ئالىي ئەسكىرى بىلىملەر بىلەن چېنىقتۇرۇشىمىز، مانا بۇ تەربىيە ئۇلارنى ئاللاھ يولىدىكى مۇكەممەل مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئەخلاق، ئەقىدە، ئۇلارنى چوڭ ـ چوڭ قۇربانلارنى بېرەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز زۆرۈر دۇر. مانا بۇ بىرلا يول بىزنى بىرنەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمىزدىن قوغداپ قالالايدۇ. بىزنىڭ بارلىقىمىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان، بىزنى ئەبەدىي قۇل قىلىشنى پىلانلىغان مۇشۇ ھايانلىق ئالەمدىكى دۈشمەنلىرىمىزدىن بىزنى قوغداپ قالالايدۇ.

*وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين*

## تەرجىماندىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە ئۇستاز ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىينىڭ مەلۇم بىر يىغىندا، دۇنيا ئىسلام ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەن بىر قىممەتلىك نۇتقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام دۇنياسى ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى تەشكىلاتى «EFSO» تەرىپىدىن بىسىپ تارقىتىلغان ئەرەبچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. كىتاب ئۆزى ئىخچام، قىسقا بولۇش بىلەن ئىسلام ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى رولىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي، مەنىۋى تەربىلەردىن تەربىيلىنىپ چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن سىرت، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ، مەكتەپ، ئىنىستىتوت، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مەجبۇرىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مانا بۇ مۇشۇ ئەسەردىكى ئىسلام دۇنياسى، ئىسلام مىللەتلىرى، شۇنداقلا ئىسلام ئەللىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان ئوقۇغۇچىلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

مەن بۇ كىتابنى 21-ئەسىرگە چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا سوغات سۈپىتىدە تەقدىم قىلىمەن. مەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئامال بار ئەسلى نۇسخىغا سادىق بولۇش پىرىنسىپىنى ئاساس قىلدىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ سەۋەنلىك خاتالىقنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ، ئۇستاز-ساۋاقداشلارنىڭ سەممىي تۈزىتىش بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى نورى

*قاھىرە- 1999/9/10*